# 34898 - ئىنسان مەجبۇرمۇ ياكى ئىختىيار ئىگىسىمۇ؟

## سۇئال

ئىنسان ئىشلاردا مەجبۇرمۇ ياكى ئىختىيار ئىگىسىمۇ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين بۇ ھەقتە سورالغان ۋە مۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەن: سورىغۇچى ئۆزىدىن سورىسۇنكى: ئۇ ئالماقچى بولغان ماشىنىنىڭ تۈرىنى ئۆزى تاللامدۇ؟ بۇنىڭغا ئوخشاش سوئاللارنى ئۆزىدىن سورىسا ئۇنىڭغا بۇ سوئالنىڭ جاۋابى روشەنلىشىدۇ.

ئاندىن يەنە سورىسۇنكى، ئۇنىڭغا بىرەر خاپىلىق يەتسە، ئۇنىڭ ئىختىيارى بىلەن يېتەمدۇ؟

ئۆزى ئىختىيار قىلىپ كېسەل بولامدۇ؟

ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆلەمدۇ؟

يۇقىرىدىكىدەك سوئاللارنى ئۆزىدىن سوراپ پىكىر قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ جاۋابىنى تاپالايدۇ.

جاۋاب شۇكى، ئەقلى جايىدا ئىنسان ئۆزى قىلغان ئىشنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئاڭلاڭ: **« خالىغان كىشى رەببى تەرەپكە يول ئالسۇن»** .**« سىلەردىن دۇنيانى خالايدىغانلار ۋە سىلەردىن ئاخىرەتنى خالايدىغانلار بار»**.

لېكىن بەندە بىر ئىشنى قىلىشنى خالاپ شۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرسا بىلىمىزكى، ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇ ئىشنى قىلىشنى ئىرادە قىلغان. خۇددى قۇرئان كەرىمدە دېيىلگىنىدەك:**« سىلەردىن خالىغان كىشى توغرا يولدا ماڭىدۇ»**، ئاللاھ خالىمىغىچە سىلەر خالىيالمايسىلەر» ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچقانداق ئىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىسىز يۈز بەرمەيدۇ.

ئىنسانغا ئۇنىڭ ئىختىيارسىز يۈز بېرىدىغان ئىشلاردا بەندىنىڭ تالللىشى ۋە ئىختىيار قىلىشى يوقتۇر. مەسىلەن: كېسەللىك، ئۆلۈم ۋە بەزى ھادىسىلەرگە ئوخشاش. ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى زاتتۇر.